# 143636 - بىلمەستىن قىبلىنىڭ ئەكسىگە قاراپ ناماز ئوقۇغان كىشى توغرىسىدا

## سوئال

مەن مەككىدە خىزمەت قىلىدىغان ياش بولۇپ، ئائىلەم جىددىدە تۇرىدۇ، مەن شەنبە كۈندىن چارشەنبە كۈنىگىچە مەككىدە تۇرۇپ، پەيشەنبە، جۈمە كۈنى جىددىدىكى ئائىلەمگە كېتىمەن، بىر ھەپتىسى جىددىغا بارسام، دادام ياتاق ئۆيۈمنىڭ قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىۋېتىپتۇ، ئىلگىرىكى كىرىدىغان ئىشىكنى تاقىۋېتىپ، ئۇدۇل تەرەپتىن ئىشىك ئېچىپتۇ، ئۆي سەرەمجانلىرىنىمۇ ئالماشتۇرىۋېتىپتۇ، ئاللاھقا ھەمدىلەر بولسۇنكى، مەن نامازلارنىڭ كۆپىنى مەسچىتتە ئوقۇيتتىم، بەزى ۋاقىتتا جامائەتكە ئۈلگۈرەلمەي قالسام ئۆيدە ئوقۇيتتىم، ياتاق ئۆيۈمنىڭ قۇرۇلمىسى ئۆزگەرتىلىپ بىر ئايدىن كېيىن ئۆزۈمنىڭ قىبلىنىڭ ئەكسىگە قاراپ ناماز ئوقۇغانلىقىمنى بىلدىم، مېنىڭ ئوقۇغان نامازلىرىم قانداق بولىدۇ؟ شۇنى ئەسلىتىپ قويىمەنكى، مەن ئۆيگە پەيشەنبە ۋە جۈمە كۈنلىكى كېلىمەن، كۆپىنچە نامازنى مەسچىتتە ئوقۇيمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت ۋە سالاملىرى بولسۇن.

قىبلىگە يۈزلىنىپ ناماز ئوقۇش نامازنىڭ توغرا بولۇش شەرتلىرىدىن بىرى، قىبلىدىن كۆپ بولماستىن، ئازراق ئۆرۈلۈپ قالسا ئەپۇ قىلىنىدۇ، شۇنىڭدەك قىبلىنى تېپىشقا تىرىشىپ، خاتا كەتكەن كىشىمۇ ئەپۇ قىلىنىدۇ، سۇئالىڭىزدىن مەلۇم بولىشىچە، سىز قىبلىنى بىلىشكە تىرىشماپسىز، ئۆيدىكىلەردىنمۇ سوراپ باقماپسىز، ئورنىڭىزنىڭ قىبلىدىن ئۆزگەرگەنلىكىگە دىققەت قىلماپسىز، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاشۇ نامازلارنى قايتا ئوقۇشىڭىز كېرەك.

نامىزىڭىزنىڭ سانىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلىش قېيىن بولسا، ئېھتىيات قىلىپ، ئۈستىڭىزدىكى نامازنى ئوقۇپ بولغانلىقىڭىزغا ئىشەنچ قىلغانغا قەدەر ئوقۇڭ.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.